## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان ھۆججەت مۇزاكىرە قىلىندى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى» قاراپ چىقىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتتى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان نىشان ـ ۋەزىپىلىرى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى زور پەللىدىن ھالقىدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەزمەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بايلىق تەقسىماتى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. جەزمەن سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يىرىك پىلان تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىرىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىشلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. «نىزام»دا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، رەھبەرلىك خىزمەت ھوقۇقى، رەھبەرلىك شەكلى، تەدبىر ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ئۆز قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە نىزامنامىسى ۋە «نىزام» قاتارلىق پارتىيە ئىچىدىكى نىزاملارنى ئىجرا قىلىشى، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىشى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى، باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار ئۈچۈن ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «نىزام» روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «نىزام»نىڭ روھى ۋە تەلىپىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۇنيانىڭ نامراتلارنى ئازايتىش مۇساپىسىگە مۇھىم، زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پۈتۈن كىتاب 67 پارچە نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابتا ۋاقىت تەرتىپى بويىچە، يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنشى لياڭجياخې، خېبېي جېڭدىڭ، فۇجيەن، جېجياڭ، شاڭخەيدە تاكى باش شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئالغانغا قەدەر، ھەر ۋاقىت باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى قەلبىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېتەكلىگەن تەسىرلىك ھېكايىلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، يولداش شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىماي ئالغا سىلجىتىشقا ئائىت ئاجايىپ دەقىقىلەر جانلىق خاتىرىلەنگەن، يولداش شى جىنپىڭنىڭ «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن» دېگەن چىن ھېسسىياتى نامايان قىلىنغان.

«شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كىشىلەرنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يەنىمۇ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى قوشىمىز.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بۇرغىسىنىڭ چېلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاقتۇ ناھىيەسىدىن ئىبارەت جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا جايلاشقان بۇ ئېغىر نامرات ناھىيە چېگرا رايوندىكى ھالقىما تەرەققىياتنىڭ دەۋر گۇۋاھچىسىغا ئايلاندى. نامرات كەنتلەر بىر ـ بىرلەپ، نامرات ئائىلىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلدى، شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى كۈتۈۋالدى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ بىزگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ كۆرەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.» ئاقتۇ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چېڭيۈڭ مۇنداق دېدى: ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىشتا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايمىز.

يول ئۇلىنى ئاسراش، رېلىس ياتقۇزۇش مەشغۇلاتى قىلىش... ئالتۇن كۈزدە، لوپ ناھىيەسىدىكى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ رېلىس ياتقۇزۇش نەق مەيدانىدا، 100دىن كۆپرەك ئىشچى ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەرگە چۆمۈپ قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنى بېيىش يولى، ئۈمىد يولى، بەخت يولى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى S1 بەلگە تۈرى دىرېكتورلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى سۇ چاۋبى.

شىنجاڭ ئالاتاۋ پورتى دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم پورت. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، ئالاتاۋ پورتىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %40تىن كۆپرەك ئاشتى.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تالونى ئازايتىش، تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇش، ۋاقىت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز» دېدى ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا باشلىقى ۋاڭ جۆەنجيې.

شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇشتا قانۇنچىللىق ئاساس.

قابا ناھىيەسىنىڭ ئاقچى بازىرى مىنجۇ ئوتتۇرا يولى مەھەللىسىدە، ئاھالە سانى كۆپ، باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، باشقۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى. بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى مەھەللە تەۋەلىك رايوندا ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، مەھەللە كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى، قوش بىرلەشمە ئائىلە باشلىقى قاتارلىقلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى قانۇنچىللاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى.

«بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى زىممىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كوچا ۋە مەھەللە خىزمىتىنى پۇختا، ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئىشلەيمىز.» مەھەللە كادىرى مەدىنە مۇقان مۇنداق بىلدۈردى: ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەرنىڭ تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، قانۇنچىللىق ئاكتىپ كۈچىنى قويۇپ بېرىمىز.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدىن ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇ بىزنى ئىنتايىن روھلاندۇردى.» جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى زېڭ فەنجياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن پەن تەتقىقات خىزمىتىدە چۆللۈك تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىم ساقلىنىشى ۋە ياخشى ئايلىنىشىغا يەنىمۇ دىققەت قىلىپ، تىرىشىپ مۇھىتنى تۈزەشنىڭ دېھقانلارنىڭ بېيىشى، كەسىپلەر تەرەققىياتى ۋە بوستانلىقلارنى قوغداش بىلەن ئىناق بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئولتۇرۇشلۇق راھىلە مەمەت بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تارقىتىشتا كۈچ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ۋە گۈللىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تونۇشتۇردى.

«مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى تېز، ئۆزگىرىشى زور بولدى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر.» راھىلە مۇنداق دېدى: «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز مول تارىخ بىلىملىرى زاپىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى دەل جايىدا تەشۋىق قىلىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان بەختلىك تۇرمۇشنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنىڭ تارقاتقۇچىسى بولىمىز».

«يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا تۆھپە قوشۇش دەل يېڭى دەۋر ياشلىرى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلايدىغان پۇرسەت.» جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى تارىم نېفىتلىكى چارلاش ـ تەكشۈرۈش ئىشلىرى بۆلۈمى گېئولوگىيەلىك قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۆەن جىيېڭ مۇنداق دېدى: «پەقەت قاقاس قۇملۇق بار، مەنىسىز ھايات يوق. مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، داۋاملىق ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا تۆھپە قوشۇپ، نەتىجە يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپەمنى قوشىمەن!»

**(مۇخبىرلار لىن خۇي، دىڭ شياۋشى، ئاينۇر، جاڭ جۇڭكەي، گۇ يۇ، سۇ چۈەنبى)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۇبا تۇنجى بولۇپ يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان لاتىن ئامېرىكىسى دۆلىتى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 60 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتى خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. جۇڭگو بىلەن كۇبانىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. ئىككى دۆلەت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇردى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى يۈكسەلدى. مەن جۇڭگو بىلەن كۇبانىڭ ئالاھىدە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن، سىز بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو بىلەن كۇبانىڭ مەڭگۈ ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى قېرىنداش بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ دىئاز كانېلغا ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 60 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ كۇبا ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن كۇبانىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر تەرەققىي قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى پائال ئورتاق قۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئەمەلىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو ـ كۇبا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتتى. مەن جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىللە تىرىشىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

رائۇل كاسترو تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۇبا تۇنجى بولۇپ يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان لاتىن ئامېرىكىسى دۆلىتى، ھەم باشتىن ـ ئاخىر قېرىندىشى بولغان جۇڭگو، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگو خەلقى بىلەن چىن دوستلۇقنى ساقلاپ كەلدى. كۇبا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قەتئىي قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم 60 يىلنى باشتىن كەچۈرگەن كۇبا ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مۇقەررەر ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، مەڭگۈ ياشنايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ.

دىئاز كانېل تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۇبا بىلەن جۇڭگونىڭ قويۇق دوستلۇقى ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئىزچىل قارشى تەرەپنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قاراپ كەلدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، كۇبا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتا تەڭ كۈچ چىقاردى، ھەم ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. بىز كۇبا بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى خالايمىز.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ كۇبا زۇڭلىسى مارېرو بىلەنمۇ ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 60 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىپلا قالماي، يەنە جۇڭگو ـ لاتىن ئامېرىكىسى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگو ـ كۇبا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولدى، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۇبا تەرەپ بىلەن بىللە، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىيدا ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. مارېرو كۇبا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو تەرەپنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم كۇبا تەرەپنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەم ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە ئۆستۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.